# چوشقا گۆشى ياكى هارام نەرسىلەرنى يۆتكەشنىڭ هۆكمى

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى


تەرجىمە قىلغۇچى: ن.تەمكىنى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ



2011 - 1433

IslamHouse.com

# ﴿حكم نقل لحم الخنزير﴾

«باللغة الأويغورية»

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: ن.تمكيني

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1433

IslamHouse.com

## چوشقا گۆشى ياكى هارام نەرسىلەرنى يۆتكەشنىڭ هۆكمى

مەن يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىدىغان ئورۇندا ئىشلەيمەن، دۇكانلارغا تارقىتىلىدىغان مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات ۋە ھەرتۈرلۈك گۆشلەرنى ئامباردىن ماشىنىغا بېسىش جەريانىدا چوشقا گۆشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى خېرىدارنىڭ تەلىپى بويىچە يۆتكەشكە مەجبۇر بولىمەن. بۇ ئورۇندا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشىمغا شەرئىئەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ تېز تاماقخانا ۋە رېستورانتلاردا ئىش پۇرسىتى مەۋجۇت ئەمما ئۇلارمۇ بەزى تاماق تۈرلىرىگە توڭگۇز گۆشى ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشىغان ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشىمنىڭ ھۆكمى نېمە؟.

بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە مەدھىيە جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

مۇسۇلمانىنىڭ چوشقا گۆشى سېتىشى ياكى چوشقا گۆشى ساتىدىغان تىجارەت مەركەزلىرىدە ئىشلىشى، چوشقا گۆشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان دىنىمىزدا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى يۆتكەپ بېرىپ ھەق ئېلىشى جايىز ئەمەس. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇتقا چوقۇنۇشنى، توڭگۇز گۆشى يېيىشنى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ئىستىمال قىلىشنى، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى سېتىشنى ھارام قىلدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

شۇنىڭدەك، تېز تاماقخانا ۋە رېستورانتلاردا، شەرىئەتتە ئىستىمال قىلىش چەكلەنگەن نەرسىلەرگە ياردەملىشىش، ھاراق توشۇش ۋە خېرىدارلارغا ھاراق قۇيۇش، ھارام ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى توشۇش ۋە سېتىش جايىز ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰ ۖ وَلَا تَعَاوَنُوا۟ عَلَى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ﴾ تەرجىمىسى : « ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقدۇر .» [سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحْمُ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلْمُنْخَنِقَةُ وَٱلْمَوْقُوذَةُ وَٱلْمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ﴾ تەرجىمىسى : « سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن

هايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، (هايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش هارام قىلىندى. لېكىن يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالال بولىدۇ.» [سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

مۇسۇلماننىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى، هالال كەسىپتىن رىزىق ئىزدىشى، دىندا چەكلەنگەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىمدۇر. شەرىئەتتە چەكلەنگەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «هارامدىن غىزالاندۇرۇلغان جىسىم جەھەننەمگە ھەقلىقتۇر.» [تەبەرانى رىۋايىتى].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتىدىن، چوشقا گۆشى ۋە هاراق ساتىدىغان رىستۇرانتلاردا ئىشلەش توغرىسىدا سورىغاندا، تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىدۇ: مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا يېيىش-ئىچىش چەكلەنگەن چوشقا گۆشى ۋە هاراققا ئوخشىغان يېمەك-ئىچمەكلەرنى ساتىدىغان ئورۇنلاردا ئىشلەش ۋە ياردەملىشىش هارامدۇر. مەزكۇر خىزمەت ئارقىلىق تاپقان پۇل هارامدۇر. چۈنكى بۇ چەكلەنگەن ئىش ۋە گۇناھ-مەسىيەتكە هەمكارلاشقانلىق بولۇپ، بۇ هەقتە

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِ﴾ تەرجىمىسى: «گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.» [سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

سىزگە بىزنىڭ نەسىھەتىمىز: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان رىستۇرانت ۋە تىز تاماقخانىلارغا ئوخشاش ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بۇنداق قىلغانلىقىڭىز، ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەرگە ياردەم بېرىشتىن توسالغانلىقىڭىزدۇر.

[سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتىتى 49/13].

خۇلاسە: يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىدىغان ئورۇنلاردا، ئىسلام دىنىمىزدا چەكلىمە قويۇلغان ھارام نەرسىلەرنى سېتىش، توشۇش ۋە يۆتكىمەسلىك ۋە مۇئامىلە قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئىشلىسىڭىز بولىدۇ .

ھەممىدىن توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.